# شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرايلى (مۇقەددىمە)

فېڭ داجېن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى، ئۇيغۇرچە نۇسخىسىمۇ پات ئارىدا كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ۋە تارقىتىلغانلىقى ھەر مىللەت تارىخشۇناسلىرىنىڭ ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، نۇرغۇن رەھبەرىي يولداشلار ۋە ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرىنىڭ بىرلىكتە تىرىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

تارىخىي تەجرىبىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدا بولغان كۈرەشنى ئەسلەيدىغان بولساق، سانسىز پاكىتلار بىر ھەقىقەتنى، يەنى تارىخ تەتقىقاتىنىڭ زادىلا رېئاللىقتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن «12-دېكابىر» ۋەقەسىدىن 1988 - يىلىدىكى «15 - ئىيۇن» ۋەقەسىگىچە، بۇلتۇر يۈز بەرگەن «19 - ماي» ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىدىن بۇ يىل بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭغىچە بولغان ۋەقەلەردە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر جېدەل-ماجىرا چىقىرىشقا ئۇرۇنغاندا، ئىشنى ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاشتىن باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەكتەپلەردە لېكسىيە سۆزلەپ، بەزىلىرى ماقالە ئېلان قىلىپ، بەزىلىرى ئوچۇق - ئاشكارا كىتاب يېزىپ، ئۆز مەيلىچە تارىخ ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، قانداقتۇر «شىنجاڭ يېقىنقى زاماندىلا جۇڭگوغا قوشۇۋېتىلگەن»، «تارىختىن بۇيان مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى ئىدى» دەپ كاپشىدى؛ قەدىمكى زاماندا جۇڭگو زېمىنىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمىدا ياشى-

غان ئاز سانلىق مىللەتلەر جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئەمەس؛ «خەن-
زۇدىن ئىبارەت ئەجدىھا تارىختا بۇ دۆلەتنى (شىنجاڭنى) يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن
نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئۈزۈلدۈرمەي تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ»
كەلگەن، «ئۇنى جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان» ۋەھاكازا
دەپ كاپشىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى رەزىل مەقسىتى مالىمانچىلىق
پەيدا قىلىش، بىر قىسىم ئادەمنى، بولۇپمۇ تارىختىن ساۋاتى بولمىغان بىر
قىسىم ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ئالداپ ۋە قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋە-
تەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش
ئۈچۈن تارىخىي ئاساس يارىتىش ۋە جامائەت پىكرى ھازىرلاشتىن ئىبارەت.
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر شۇنداق قىلدى، چەت ئەللەردىكى
بۆلگۈنچى ئۇنسۇر مەتتىمىن، ئەيسا ئوخشاشلارمۇ شۇنداق قىلدى. بۇ تارىخ
تەتقىقاتى ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوت-
تۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇبازىنى ماركسىزم ئىگىلىمىسە،
مۇقەررەر ھالدا بۇرژۇئازىيە ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەر ئىگىلەپ كېتىدىغانلىقىنى،
بۇ كۈرەشنىڭ ئىلگىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇزاققىچە مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 40 - يىللاردا پانتۈركىست
مەتتىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابى چەت ئەلدە نەشر قىلىن-
غاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان ئەيسا گۇرۇھىنىڭ قول-
لىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخى بۇرمىلانغان نۇر-
غۇن كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزغا
كىرگۈزۈلدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ بەزىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە مىل-
لەتلەرنىڭ تارىخى بۇرمىلانغان بىر نەچچە پارچە كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ
كىتابلاردا سىياسىي جەھەتتە بۆلگۈنچىلىك تەرغىپ قىلىنغانلىقى، بۇ كىتابلار
بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقانلى-
قى ئۈچۈن، بەزىلەر بۇ كىتابلارنى گۆھەر دەپ بىلدى، بەزىلەر مەخپىي ھالدا
كۆچۈرۈۋالدى، بەزىلەر ھەرخىل يوللار ئارقىلىق ئامما ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياش-
لار - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا
قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتاب-
نىڭ نەشر قىلىنىشى مەنبەنى ئېنىقلاشقا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر تەرى-
پىدىن قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن تارىخ جەھەتتىكى ھەق - ناھەقنى ئايدىڭ-
لاشتۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلىغان ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىر-

كۆزگەن رەزىل غەرىزىنى ئېچىپ تاشلاشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى تارىخ ھەقىقىتى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىشەنچىسىنى قەتئىيلەشتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.

شىنجاڭنىڭ تارىخىنى، جۈملىدىن مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنىڭ خۇلاسىلىشىمىزگە، ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان قانداق قىممەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەر بار، بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىزغا تېگىشلىك بولغان قانداق تارىخىي ئەنئەنىلەر بار؟ مەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىنى ھېس قىلدىم:

1. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر تەجرىبە ۋە ئەنئەنە. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، ھازىر شۇنداق، قەدىمكى دەۋردىكى شىنجاڭمۇ شۇنداق بولغان. تارىخ تەرەققىي قىلىپ چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا مىللەتلەر قوشۇلۇپ كېتىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ھۆججەت، ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، شۇ چاغدا شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ساك، توخار، ھۇن، تۇغلۇق، قۇچيە، خەنزۇ، چاڭ قاتارلىق مىللەتلەر شۇ چاغدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشقان، ئۇنىڭدىن كېيىن شەكىللەنگەن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، خەنزۇ (خۇاشيا) مىللىتى شىنجاڭغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جاڭچيەن غەربىي رايونغا كەلگەندىن كېيىن، خەنزۇلار شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپلەپ كەلگەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي خەن ھاكىمىيىتى شىنجاڭدا غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى قۇرۇپ، ھەر قايسى جايلاردا قوشۇن تۇرغۇزغاندىن باشقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنى شىنجاڭغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئېلىپ كەلگەن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ كورلا، بۈگۈر، چاقىلىق، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلىرىدا خەنزۇ دېھقانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن، ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولغاندا نەچچە مىڭ كىشىگە، ئاز بولغاندا نەچچە ئون كىشىگە يەتكەن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە نۇرغۇن خەنزۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قېچىپ شىنجاڭغا كەلگەن،

بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا خەنزۇلار تېخىمۇ كۆپەيگەن. تۇرپان شۇ چاغدا خەنزۇلار ئەڭ مەركەزلەشكەن رايون بولغان، مىلادى 460 - يىلدىن كېيىن، تۇرپان رايونىدىكى خەنزۇلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان، خەنزۇلار ئارىسىدىكى كەن، جاڭ، ما، چۈي فامىلىلىك كىشىلەر هۆكۈمرانلار سۈپىتىدە بۇ يەردە 100 - 200 يىل تۇرغان. سۈي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى غەربىي رايوندا ئەنشى (كۇچا) قاتارلىق تۆت يەردە بازار قۇرۇپ، بۇ يەرلەردە 40 مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ ئەسكەر تۇرغۇزغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا، هەر يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن نۇرغۇن دېهقان شىنجاڭغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كەلگەن. خەنزۇ دېهقانلار كۆپىيىپ نۇرغۇن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىگە ئوخشاش يەر بېشىغا قاراپ سېلىق سېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەنزۇلار داۋاملىق شىنجاڭغا كەلگەن. تارىختا شىنجاڭغا كىرگەن خەنزۇ خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى شۇ جايدىكى مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، يېقىندا ئېيتىلغان پاكىتلار خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، هەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، بۇنداق ئايرىلالماسلىقنىڭ تارىختا شەكىللەنگەنلىكىنى؛ ئىلگىرى شىنجاڭنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خەنزۇ ۋە هەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق قىلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا تايانغانلىقىنى؛ هازىر شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇشتا يەنىلا خەنزۇلار بىلەن هەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، هازىر مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغاشقا بېرىلىپ كەتكەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر خەنزۇ خەلقىنى دۈشمەن دەپ قاراۋاتىدۇ، هەتتا «خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك» دەپ داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ، بۇ هەم شىنجاڭنىڭ تارىخىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، هەم شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا، گۈللىنىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ پايدىسىز، شۇڭا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەك.

2. ۋەتەننىڭ بىرلىككە دائىر تەجرىبە ۋە ئەنئەنە. شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ بىر قىسمى. مىلادىدىن

ئۆلكىدىكى I ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ مىلادىيىدىن ئىل-
گىرىكى 60 - يىلى غەربىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي رايوندا غەربىي رايون
تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى قۇرۇپ، غەربىي رايوننىڭ ھەربىي ئىشلىرى ۋە
مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. شىنجاڭ خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە رەس-
مىي كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭ
بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىنىڭ بىرلىكى باشتىن ئاخىر تارىخ تەرەق-
قىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ تارىخىدا بۆلۈنۈش
ھالىتى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىردا يەنىلا بىرلىككە كەلگەن. خەنزۇ
مىللىتى ئېلىمىزدىكى ئاساسىي مىللەت بولۇش سۈپىتىدە بىرلىككە كەلگەن كۆپ
مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان. لېكىن، شىنجاڭدا
ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش
مىللەتلەرمۇ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىشقا ئوخ-
شاشلا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان، شۇڭا ئۇلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەزاسى
بولۇشقا ۋە تارىختىكى خوجايىنلىق ئورنىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق.
بىرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېك-
تىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، بۆلگۈنچىلىك ھەر قايسى مىللەتلەرگە، شىنجاڭنىڭ
گۈللىنىشىگە، تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ تارىختىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشتىن چىقارغان ئورتاق يەكۈنى،
بۇ تارىختا ۋە بۈگۈنكى كۈندىمۇ يىمىرىلمەس ھەقىقەت. لېكىن بەزى كىشىلەر
«شىنجاڭ ئەزەلدىن مۇستەقىل تۈركىستان دۆلىتى» ئىدى، ئۇ «يېقىنقى زامان-
دىلا جۇڭگوغا قوشۇۋېتىلگەن» دېگەنگە ئوخشاش ئويدۇرما تارىخقا ئىشىنىپ
كېتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇستەقىل
شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» دېگەن نەرسە تارىختا زادىلا بولۇپ باقمىغان،
ئەگەر مەۋجۇت بولغان دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ
12 - كۈنى سابىت داموللا بىلەن مەتىمىن قەشقەردە پىلانلاپ قۇرغان «شەرقىي
تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دىن ئىبارەت. بىر قىسىم رايوندا قۇرۇلغان
بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئىسلام ئەقىدىلىرىنى «مىزان» قىلىشنى ئېنىق
بەلگىلىگەنلىكى، ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇشنى ئاساس قىلغانلىقى، دىنىي
ساھەدىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام كىشىلەر ۋە پومېشچىكلار سىنىپى
بىرلىشىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىش-
كەنلىكى ئۈچۈن، بىر نەچچە ئاي ئۆتەر-ئۆتمەيلا گۇمران بولغان. تارىخ بىزگە

ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى، كىمكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلسا، ئۇنىڭ جەزمەن مەغلۇب بولىدىغانلىقىنى سەلبىي جەھەتتىن ئۇقتۇردى.

3. ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا دائىر تەجرىبە ۋە ئەنئەنە.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى شۇنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ئەزگەنلىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، نامرات، قالاق ھالەتتە قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولغان، بولۇپمۇ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيادىكى بارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان. ئەنگلىيە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدا شياڭگاڭ ۋە جيۇلۇڭنى بۆلۈۋالغان؛ چاررۇسىيە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە شەكلى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمالىدىكى 1 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى تارتىۋالغان؛ ياپونىيە 1895 - يىلى تەيۋەن ۋە پېڭخۇنى ئىشغال قىلىۋالغان. جاھانگىرلار پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ تەخمىنەن ئالتىدىن بىر قىسمىغا باراۋەر كېلىدىغان يەرنى ئىشغال قىلىۋالغان. ۋەتەن دۇچ كەلگەن خەۋپ - خەتەر ۋە بالايىئاپەت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئويغاتقان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىمۇ ئويغاتقان، ئىتتىپاقلىشىپ، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش يولىدىكى كۆرەشلەردە تىللاردا داستان بولىدىغان نۇرغۇن مىللىي قەھرىمانلار مەيدانغا كەلگەن. 1855 - يىلى تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ سودا چېمبىرىكىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن كۆرىشى بۇنىڭ بىر مىسالى، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى بىر قاتار شەرتنامىلەردىن پايدىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى نۇرغۇن يېرىنى بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چاررۇسىيىگە قارشى كۆرەش قىلغان، بۇ كۆرەش بەزىدە پەسىيىپ، بەزىدە كۈچىيىپ، ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن. بولۇپمۇ قوقەند خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرىشى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، ئۇلار ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى تىنجىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە ماسلاشقان. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە، چاررۇسىيە تاشقى موڭغۇلدىكى ئەكسىيەتچى ۋاڭ - گۈڭ ۋە لامالارنى بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا،

تاشقى موڭغۇلدىكى ساتقىن قوشۇننى ئالتايغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈپلا قالماستىن، ئىلى، ئالتاي ۋە قەشقەرگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋېلىشنى پىلانلىغان. نەتىجىدە خوتەننىڭ چىرا كەنتىدە چاررۇسىيىگە قارشى كۆرەش پارتلىغان، روسىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىمۇ چار پادىشاھنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى چەكلىگەن. شۇڭا، چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋېلىش يولىدىكى ستراتېگىيىلىك پىلانى بەربات بولغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا نۇرغۇن مىللىي قەھرىمانلار مەيدانغا كەلگەن، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى باشتىن - ئاخىر بىزنى ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غۇرۇرى. ھازىر جاھانگىرلار ئېلىمىزگە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈشنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ۋەتەن ساتقۇچىلۇقنى شەرەپ دەپ بىلىپ، شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىزغا تېخىمۇ ئەرزىمەمدۇ؟

4. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئالغا باسقانلىقىغا دائىر تەجرىبە ۋە ئەنئەنە. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. تارىختا ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا كەڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىمۇ ئىنتايىن قويۇق بولغان. بولۇپمۇ شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغاندىن كېيىن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇنداق ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلاشقان. بۇ مەزگىللەردە ئىچكى جايلاردىن نۇرغۇن دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇلار بۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلىشىش جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىغان؛ شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق ئۇستىلىرى ۋە باغۋەنلىرى - ئىچكى جايلارغا بارغان، بولۇپمۇ ئۇلار كېۋەز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئىچكى جاي-

لارغا تارقىتىپ، ئىچكى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش
جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىچكى جايلارنىڭ يىپەك، رەخت، چاي، تۆمۈردىن ياسال-
غان بۇيۇملار، دورا ماتېرىياللىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ ئېلىپ كېلىنگەن، شىنجاڭ-
نىڭ نەسىللىك چارۋا ماللىرى، تېرە، يۇڭ، قاشتېشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات-
لىرىمۇ ئىچكى جايلارغا كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلغان. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جە-
ھەتتە، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان «قەدىمنامە»، «نەزمىنامە»، «ۋاپانامە» قاتار-
لىق كىتابلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي رايونغا كۆپلەپ تارقالغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. بۇددا دىنى شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى جايلارغا تارقالغان. بولۇپمۇ
كۈسەن مۇزىكىسى، سۇلى مۇزىكىسى ۋە رەسىم سىزىش تېخنىكىسى قاتارلىقلار
شىنجاڭدىن ئىچكى جايلارغا تارقىلىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ مەدە-
نىيەت تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان پاكىتلار
شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقىنىڭ، شىنجاڭ بى-
لەن ئىچكى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە
ئۇزاقتىن بۇيان قويۇق ئالاقە قىلىپ كەلگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەن-
لىكىنى، شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن
تارتىپ مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى
جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن، بولۇپمۇ خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى
قوغداش يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشكە تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دەرۋەقە، شىنجاڭدا ۋەتىنىمىز بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن 2000 يىلدىن ئار-
تۇق تارىخ جەريانىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
قوغداشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە تارىخىي تەجرىبە بولۇپلا قالماي،
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان
بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرمۇ بولغان. لېكىن بۇ دولقۇنلۇق
چوڭ دەريانىڭ تارماق ئېقىمىدىلا ئىبارەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىسقا ۋاقىت دا-
ۋام قىلغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى
تۇرۇشى ئارقىسىدا ئارقا ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ
سەلبىي تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر بىزنىڭ ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكى
ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ، بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىشىمىزدا يەنىلا پايدىلىق.

(داۋامى 10 ـ بەتتە)